法治日報
LEGAL DAILY

# 新疆维吾尔自治区乌鲁木齐市米东区人民法院公告

（2025）新0109民初12594号 本院受理原告玉苏普·麦麦提诉被告艾斯卡尔·热苏民间借贷纠纷案件，因被告下落不明，现已刊登公告。

新疆维吾尔自治区乌鲁木齐市米东区人民法院

公告内容如下：

# ئۈرۈمچى شەھرى مىچۈەن دوڭسەن رايۇنلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى ئېلان

ئەسقەر رۇسۇل:

مەھكىمىمىز دەۋاگەر يۈسۈپ مەمەت بىلەن جاۋابكار ئەسقەر رۇسۇلنىڭ ئەلئەرا قەرز ماجىراسى دېلوسىنى سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇردى. تۇرار جايىڭىز ئېنىق بولمىغاچقا مەھكىمىمىزنىڭ (2025) ش 0109 ھ د12594– نومۇرلۇق ھەق تەلەپ ھۆكۈمنامىسىنى ئېلان ئارقىلىق يەتكۈزدۇق. ھۆكۈمدە:«1.جاۋابكار ئەسقەر رۇسۇل بۇ ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولغان كۈندىن باشلاپ ئون كۈن ئىچىدە دەۋاگەر يۈسۈپ مەمەتقا 28000يۈەن قەرز پۇلنى قايتۇرسۇن؛2.جاۋابكار ئەسقەر رۇسۇل بۇ ھۆكۈم كۈچكە ئىگە بولغان كۈندىن باشلاپ ئون كۈن ئىچىدە دەۋاگەر يۈسۈپ مەمەتقا 3046يۈەن قەرز ئۆسۈمىنى تۆلىسۇن ھەمدە داۋاملىق قەرز پۇل 28000يۈەننى ئاساس قىلىپ، 2025-يىلى 10-ئاينىڭ 31-كۈنىدىن قەرز پۇلنى تۆلۈق قايتۇرۇپ بولغان كۈنگىچە، مەملىكەت بويىچە بانكىلار ئارا ئوخشاش كەسىپتىكى قىسقا مۇددەتلىك قەرز مەركىزى ئېلان قىلغان ئۆسۈم نىسبىتى (LPR) 3.35%بويىچە ھېسابلانغان قەرز ئۆسۈمىنى تۆلىسۇن.پۇل بېرىش مەجبۇرىيىتىنى مۇشۇ ھۆكۈم بويىچە ئادا قىلمىسا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى»نىڭ 264-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىسى بويىچە كېچىكتۈرۈپ ئادا قىلغان مەزگىلدىكى قەرز ئۆسۈمىنى ھەسسىلەپ تۆلەيدۇ.دېلو قوبۇل قىلىش ھەققى 576.15يۈەن(دەۋاگەر ئالدىن تاپشۇرغان)نى جاۋابكار ئەسقەر رۇسۇل ئۈستىگە ئالسۇن؛ ئېلان ھەققى 400يۈەننى ئەسقەر رۇسۇل ئۈستىگە ئالسۇن.» دېيىلدى. مەزكۇر ئېلان چىقىرىلىپ 30 كۈن ئۆتسە ھۆكۈمنامە يەتكۈزۈلدى دەپ قارىلىدۇ، ئەگەر ھۆكۈمگە قايىل بولمىسىڭىز، مۆھلەت توشقان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە مەھكىمىمىزگە نارازىلىق ئەرز ۋە قارشى تەرەپ دەۋالاشقۇچىلىرىنىڭ ئادەم سانى بويىچە كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇپ، مەھكىمىمىز ياكى ئۆزىڭىز تۇرۇشلۇق جايدىكى خەلق سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرز بەرسىڭىز بولىدۇ .

ئۈرۈمچى شەھرى مىچۈەن دۇڭسەن رايونلۇق خەلق سوت

مەھكىمىسى

2026-يىلى 3-ئاينىڭ 31-كۈنى

ئالاقىلىشىش نومۇرى:0991-3327082

ئادرېسى:شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھرى مىچۈەن دۇڭسەن رايونى جىنشىڭ ئوتتۇرا يولى 120-نومۇر.

本公告刊登在2026年03月31日

本公告从法治网、法治号下载